# زۇڭلى لى كېچياڭ مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى




3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا مۇخبىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ يىغىن باياناتچىسى جاڭ يېسۈينىڭ تەكلىپى بويىچە مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جېي جيەنلەن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى** 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا مۇخبىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ يىغىن باياناتچىسى جاڭ يېسۈينىڭ تەكلىپى بويىچە مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

مۇخبىرلار يىغىنى باشلانغاندا، لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: تارقىتىش ساھەسىدىكى دوستلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، كۆپچىلىكنىڭ جۇڭگونىڭ ئىككى يىغىنىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرىگە رەھمەت. بۇ يىل بىز يەنىلا داۋاملىق سىن ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرىمىز، كۆپچىلىك سوئال سورىساڭلار بولىدۇ.

**ئامېرىكا ئىستېمالچىلار خەۋەرلىرى ۋە سودا قانىلى مۇخبىرى:** زۇڭلى لى كېچياڭ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى تاماملاشنىڭ شەكلى ۋە ئورنىغا تەسىر كۆرسەتتى، يۇقۇمنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك تارقالغىنىغا بىر يىل بولدى، جۇڭگونىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتى ۋە كىرىمدە قانداق كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى، جۇڭگو تەرەپ قانداق كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ بۇ خىل ئەھۋالنى ياخشىلايدۇ؟ بولۇپمۇ ياشانغانلار نوپۇسى كۆپىيىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئىستېمال ئېھتىياجى، بولۇپمۇ چەت ئەلنىڭ سۈپەتلىك ماركا ئىستېمالىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** ئىشقا ئورۇنلىشىشنى بىر دۆلەت، بىر ئائىلىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن چوڭ ئىش، دېيىشكە بولىدۇ. بۇلتۇر يۇقۇم يامرىغان ۋاقىتتا، نۇرغۇن كوچىلاردا پىيادىلەرنى كۆرگىلى بولمىدى، نۇرغۇن دۇكانلار تاقالدى، ئەينى چاغدا بىزنىڭ ئەڭ ئەندىشە قىلغىنىمىز كەڭ كۆلەملىك ئىشسىزلىقنىڭ كۆرۈلۈشى ئىدى. ئېسىمدە قېلىشچە، كېيىن مەن جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن دۇكانلارنى كۆردۈم. بىر كىچىك دۇكاندا، دۇكان ئىگىسى ماڭا: ئۈچ ئاي تىجارەت قىلمىدۇق، ھۆكۈمەت باجنى كېمەيتكەچكە، كەچۈرۈم قىلغاچقا، ئۆي ئىجارىسى، سۇ، توك پۇلىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتە مەدەت بەرگەچكە، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى نەقلەشكەچكە، بىز خادىم قىسقارتمىدۇق، بەرداشلىق بېرەلىدۇق، دېدى. مەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى قانداق قىلدىڭلار؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا پەقەت تۇرمۇش پۇلىلا تارقاتالىغانلىقنى ئېيتتى. نەق مەيداندىكى 20دىن ئارتۇق خىزمەتچىنىڭ ھەممىسى: دۇكىنىمىز ياتاق، تاماقنى كۆتۈردى، بىزنى ئىشتىن قالدۇرمىدى، بىز بۇنىڭدىن مىننەتدار بولدۇق، دېدى. كارخانا ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت كارخانىنى ساقلاپ قالغاندىلا، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغاندىلا، ئىش، بازار ئەسلىگە كېلىشى بىلەن تەڭ سودىنىڭ جانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

بۇلتۇر بىز ماكرولۇق سىياسەت تۈزگەندە، ئېنىقسىز ئامىللار بەك كۆپ بولغاچقا، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ كۆزلىمە نىشانىنى بېكىتمىدۇق. لېكىن تەكرار دەڭسەپ كۆرۈپ، يەنىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنى بېكىتتۇق، يەنى شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى 9 مىليوندىن ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا بايلىق يارىتىشنىڭ مەنبە ئېقىن سۈيى. ئەينى چاغدا بىز يەنە پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇق، ئەمەلىيەتتە پەقەت 9 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلسىلا، ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق، چۈنكى ئىشقا ئورۇنلىشىش بولسىلا كىرىم بولىدۇ، ئىستېمالنى يېتەكلىگىلى، ئىقتىسادقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

بۇلتۇر، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، بىزنىڭ بازار سۇبيېكتىمىز كۈچلۈك ئېلاستىكىلىقنى نامايان قىلدى، كەڭ خەلق ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يەڭدى، ئەڭ ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردا 11 مىليون 860 مىڭ كىشىنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد 2.3% ئاشتى، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى مۇناسىپ ئاشتى، ھەممىسى مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولدى.

بۇ يىل بىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىمىز يەنىلا ناھايىتى چوڭ، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچى تەخمىنەن 14 مىليون كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 9 مىليون 90 مىڭ كىشى بولۇپ، تارىختىكى يېڭى پەللە يارىتىلدى، يەنە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، يەنە 270 مىليون - 280 مىليون دېھقان ئىشلەمچىنى ئىشلەمچىلىك قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. شۇڭا بىز بۇ يىل ماكرولۇق سىياسەت تۈزگەندە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىدە يەنىلا چىڭ تۇردۇق، بىز داۋاملىق تۈردە «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باش ئورۇنغا قويىمىز. بۇلتۇر چىقىرىلغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار سىياسەت - تەدبىرلەر تەڭشەپ چېكىندۈرۈلمەيلا قالماي، يەنە سەل كۆپەيتىلدى، باشقا سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى مۇقىم ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بۇ يىل بىز شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن 11 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنى بېكىتتۇق، ئەمەلىي ئىجرا قىلىش داۋامىدا يەنىمۇ يۇقىرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز يەنە شۇنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇردۇقكى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەنىلا بازارنى باش رول ئالغۇزۇش كېرەك، يەنى داۋاملىق بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىش ئورنىنى كۆپەيتىشكە تۈرتكە بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. بۇلتۇر يۇقۇمدا ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش بولدى، بىزنىڭ بۇ بىرنەچچە يىللىق تەرەققىياتىمىزدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەمىزگە ئوخشاش، جۈملىدىن توردا مال سېتىۋېلىش، تېز يەتكۈزۈش قاتارلىقلار ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتىمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشتى، يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. بىز بىر تەرەپتىن نىسپىي مۇقىم بولغان ئىش ئورنىنى كۆپەيتىشكە داۋاملىق ئىلھام بېرىشىمىز، يەنە جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ ئېچىشىمىز كېرەك. ھازىر جۇڭگودا جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش گۈللىنىۋاتىدۇ، بۇ، 200 مىليوندىن ئارتۇق كىشىگە چېتىلىدۇ. بەزىلەر ئۆزى يالغۇز نەچچە كىشىلىك ئىش قىلىپ، ناھايىتى جاپا تارتىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشىمىز، بولۇپمۇ مېخانىزم خاراكتېرلىك چارە ئارقىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كەسپىي زەخىملىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەم جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش بازىرىنىڭ تېخىمۇ ساغلام، مۇقىم ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق.

بايا مۇخبىر دوستىمىز تىلغا ئالغان ياشانغانلار مەسىلىسىگە كەلسەك، جۇڭگودىكى ياشانغانلارنىڭ نوپۇسى 260 مىليونغا يېتىدۇ، ياشانغانلار كەسپىنى غايەت زور يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ، دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ كۆپ خىللاشقان ئېھتىياج ئېلىپ كەلدى. دەل جۇڭگو بازىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجى بولغاچقا، مۇشۇنداق بىر كەڭ بازار يەنە مۇقەررەر ھالدا چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى، مۇلازىمىتى ھەتتا مەبلەغ سېلىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ بازىرىمىز ئېچىۋېتىلگەن.

جۇڭگودا 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار، ئەمگەك كۈچى بايلىقى ئەڭ مول بايلىق، دېيىشكە بولىدۇ، جۇڭگو خەلقى يەنە جاپاغا چىدايدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى بولسىلا كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ. «ئادەم ھاياتىدا تىرىشچان بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ھېچنېمىسى كەم بولمايدۇ.» مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەمگەكچان بىر جۈپ قولغا تايىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئورتاق بېيىشقا قاراپ قەدەم تاشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**ئىسپانىيە ئې ف ئې ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى ئالدىنقى ئايدا ۋۇخەنگە زىيارەتكە بارغان دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا قارىتا ئاشكارىلىق دەرىجىسى كەمچىل بولدى، دەپ ئەيىبلىدى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى جۇڭگو تەرەپتىكى خىزمەتداشلارنىڭ نۇرغۇن خىزمەت تەپسىلاتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغانلىقىنى كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى 2019 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىك مىسالى بىلەن بولغان تېخىمۇ كۆپ دەسلەپكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپ بۇ سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەشنى خالامدۇ - يوق؟ ياكى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ جۇڭگوغا قىلىدىغان زىيارىتىنى يەنە بىر قېتىم كۈتۈۋېلىشنى خالامدۇ - يوق؟

**لى كېچياڭ:** يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تويۇقسىز يۈز بەرگەن يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى، جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەرگە ئوخشاش ۋىرۇسنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى تېزدىن ئېنىقلاپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە پايدىلىق. لېكىن يۇقۇمنى مەنبەدىن تەكشۈرۈش ھەققەتەن بىر مۇرەككەپ ئىلمىي مەسىلە بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، سەمىمىي تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىق پرىنسىپى ۋە پوزىتسىيەسى بويىچە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلايدۇ، شۇنداقلا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ جۇڭگودا مەنبەدىن تەكشۈرۈش تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللايدۇ. كېيىنكى قەدەمدە بىز يەنە داۋاملىق دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي بولغان مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز.

ھازىر يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامرىماقتا، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش مەنبەدىن تەكشۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ۋاكسىنا ئەملەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تورلۇق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، بىز ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قول تۇتۇشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ بۇنداق بىر ئورتاق دۈشمىنى ئالدىدا، ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭلا غېمىدە بولۇپ، باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ. بىز يەنە ئىنسانلارنىڭ بۇ كېسەل ئالۋاستىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز، مەن يەنە كېلەر يىلى بىزنىڭ يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ياپونىيە ئىقتىساد خەۋەرلىرى مۇخبىرى:** سىز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا 2021 - يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىشانىنى 6%تىن يۇقىرى بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، نۆۋەتتە نۇرغۇن خەلقئارا ئاپپاراتلار جۇڭگونىڭ 2021 - يىللىق ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى 8% ئەتراپىغا يېتىشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا، «14 - بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدا، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ كۆلىمى زورايغاندىن باشقا، يەنە دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەبلەغ زىيادە بولۇش سەۋەبىدىن ئۆي مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش زىيادە قىزغىنلىقى كېلىپ چىقىش خەۋپى مەۋجۇت، ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەڭ قويۇۋېتىلگەن مالىيە ۋە پۇل سىياسىتىنى قوللاندى. زۇڭلىدىن سوراپ باقسام، بۇنداق ئەھۋالدا بۇ يىل ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئازراق تارىيىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇتمۇ؟ ياپونىيە ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۆلچەرىچە، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمى 2028 - يىلى ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**لى كېچياڭ:** مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، بىزنىڭ ئىقتىسادنى 6%تىن يۇقىرى ئاشۇرۇش كۆزلىمە نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ھەققەتەن كۆپ تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، نۇرغۇن تەھلىللەر بار. بەزىلەر ئاكتىپ دەپ قارىدى، يەنە بەزىلەر مۆلچەردىكىدىن تۆۋەن دەپ قارىدى. بىز ئەلۋەتتە ئىقتىسادنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشىنى كۆرۈشنى خالايمىز. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ يىل ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىش ئاساسىدا ئىلگىرىلىدۇق، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىدىكى ئېنىقسىزلىق يەنىلا ناھايىتى چوڭ. بىز 6%تىن يۇقىرى ئاشۇرىمىز دېدۇق، 6% تۆۋەن ئەمەس، ھازىر بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 100 تىرىليون يۈەنگە يەتتى، 6% ئاشسا 6 تىرىليون يۈەن بولىدۇ، «13 - بەش يىل»نىڭ دەسلىپىدە بولغان بولسا، 8%تىن يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى بولغاندىلا ئاندىن بۇنىڭغا يەتكىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ 6%تىن يۇقىرى ئاشۇرىمىز دېگىنىمىز ئېھتىماللىق قالدۇرغىنىمىز، ئەمەلىيەت جەريانىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئېشىشى مۇمكىن. لېكىن بىز پىلان تۈزۈۋاتىمىز، كۆزلىمىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىمىز، كۆزلىمىنى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئاساسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇستەھكەملەشكە يېتەكلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقنى ساقلاشنى، بولۇپمۇ كېلەر يىللىق، كېيىنكى يىللىق نىشانلار بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلماسلىق كېرەك، بولمىسا بازار مۆلچەرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىر مەھەللىك تېز مېڭىشنىڭ پۇختا مېڭىش بولۇشى ناتايىن، پۇختا ماڭغاندىلا ئاندىن مەزمۇت ماڭغىلى بولىدۇ. بىز يەنىلا جۇڭگودىن ئىبارەت بۇنداق بىر غايەت زور ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، ئۇزاق مەزگىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇلتۇر ئاز كۆرۈلىدىغان غايەت زور زەربە ئالدىدا، بىز ۋاقتىدا كەسكىن تەدبىر قوللاندۇق، لېكىن يەنە ئىرادىمىزنى ساقلىدۇق، «باستۇرۇپ سۇغىرىش» بىلەن شۇغۇللانمىدۇق. بىزنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن مالىيە مەبلەغ كۆلىمىمىز 2 تىرىليون يۈەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى بازار سۇبيېكتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلدى، ئاساسلىقى باج كېمەيتىلىپ ھەق تۆۋەنلىتىلدى، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىۋاسىتە يەتكۈزۈش مېخانىزمى قوللىنىلدى، يەنى «جان قۇتقۇزۇش پۇلى» ئەڭ تېز بولغاندا يەتتە كۈن ئىچىدە ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق مالىيە كۈچى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئۈنۈم كۆرۈلدى. ئەگەر بىز ئەينى چاغدا چوڭ تۈرلەرنى يولغا قويۇش، چوڭ كەسىپلەرنى يولغا قويۇشنى نۇقتىلىق ئويلاشقان بولساق، بۇلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئەمەس، لېكىن دەللىلەشتە يەنە بازارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، 200 كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، پەقەت بىر ھەپتە ۋاقىتتىلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويساق، كارخانىلار زور تۈركۈمدە تاقىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئېسىمدە قېلىشچە، بۇلتۇر مۇخبىرلار يىغىنىدا، بەزى مۇخبىرلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان سىياسەت كۆلىمى ۋە سالمىقى سەل كىچىكمۇ قانداق دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىز «ئوغۇت»نى يىلتىزىغا بەردۇق، سىياسەتنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردۇق، شۇڭا تېز ئۈنۈم بەردى، رول ئوينىدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، بۇ كۆلەم ۋە سالماق مۇۋاپىق بولغان، تەييارلانغان زاپاس سىياسەتمۇ كېيىن ئىشلىتىلمىدى.

بۇلتۇر بىز كەڭ قويۇۋېتىش سىياسىتىنى ياكى ئاتالمىش مىقدارلاشتۇرۇش، كەڭ قويۇۋېتىشنى قوللانمىدۇق، بۇ يىلمۇ «جىددىي بۇرۇلۇش»نىڭ ھاجىتى يوق، يەنىلا سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى كۈچەپ مۇقىم مۇستەھكەملەپ، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاشتا يەنىلا «ئوغۇت»نى يىلتىزىغا بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھازىر بازار سۇبيېكتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار يەنىلا ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئەسلىگە كەلگەچكە، بىز سىياسەتنى مۇۋاپىق تەڭشىشىمىز كېرەك، لېكىن تەڭشەش مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، بەزى باسقۇچ خاراكتېرلىك سىياسەتلەر قايتۇرۇلسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بەزى قۇرۇلما خاراكتېرلىك باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى كېمەيتمەسلىكنى ساقلىشىمىز كېرەك.

قانداق قىلغاندا سالماقنى كېمەيتمەسلىكنى ساقلىغىلى بولىدۇ؟ مەبلەغ كۆلىمى ئەلۋەتتە ناھايىتى مۇھىم، لېكىن پۇلنى ياخشى ئىشلىتىش تېخىمۇ مۇھىم، بىز بۇلتۇر ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشتە توپلىغان تەجرىبىلەردىن داۋاملىق پايدىلانساق بولىدۇ. مەسىلەن، مالىيە، پۇل مۇئامىلە جەھەتتە، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا «بىرنى ئازايتىش، بىرنى ئاشۇرۇش، بىرنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا تۆۋەنلىتىش» كېرەك. «بىرنى ئازايتىش» مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شۇ دەرىجىلىك چىقىمنى ئازايتىش بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادچان تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك؛ «بىرنى ئاشۇرۇش» مەبلەغنى بىۋاسىتە يەتكۈزۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ۋە بازار سۇبيېكتلىرىغا سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنىڭ كېمەيگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزگىلى، خەلققە نەپ يەتكۈزگىلى بولىدۇ؛ «بىرنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا تۆۋەنلىتىش» پېشاڭ نىسبىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى پايدىنى مۇۋاپىق ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يېتەكلەش بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى مۇقىملىق ئاساسىدا تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بىز تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپلەرنىمۇ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالىمىز ۋە ئۈنۈملۈك تۈگىتىمىز.

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ تۈپ مەقسىتى جۇڭگو خەلقىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭگو يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز مەۋقەنى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى كۈچەپ ياخشى قىلىشقا قويىمىز. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسىگە مۇھىم تۆھپە قوشقانلىق.

**جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** زۇڭلى ياخشىمۇسىز. ئالدىنقى ئىككى يىلدا دوختۇرخانىدا يېتىش ھەققىنى باشقا جايدا ئاتچوت قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، باشقا جايدا داۋالىنىشقا زور قولايلىق يارىتىلدى. ئەمما نۇرغۇن كىشى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدۇ، يەنە نۇرغۇن ياشانغانلار باشقا جايدا كۈتۈنىدۇ، ئۇلار ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرسىتىپ دورا يازدۇرسا، يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئاتچوت قىلدۇرۇشى كېرەك، بۇ بەك قولايسىز، شۇڭا سوراپ باقسام، ئامبۇلاتورىيە ھەققىنى ئاتچوت قىلىش قاچان ھەل قىلىنىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** مەن جۇڭگو ھۆكۈمەت تورىدىكى راست نام بىلەن قالدۇرۇلغان سۆزدىن بۇ توردىكى مەسىلىلەرنى كۆردۈم. دەرۋەقە، بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدا، كۆپچىلىك نۇرغۇن ياشانغانلارنىڭ بالىلارنى ئاپىرىپ - ئەكىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، بۇ ياشانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا جايدا كۈتۈنۈش ئۈچۈن ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى دائىم باشقا جايدا داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلدۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ پايپېتەك بولىدۇ، بۇ مەسىلىنى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەك. بۇ يىل ئامبۇلاتورىيە خىراجىتىنى ئۆلكە ھالقىپ بىۋاسىتە ئاتچوت قىلدۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز، كېلەر يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە ھەربىر ناھىيەدە بىر بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتى بېكىتىلىپ، ئامبۇلاتورىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داۋالاش ھەققى بىۋاسىتە ئاتچوت قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ياشانغانلارنى يەنە بۇ ئىش ئۈچۈن غەم قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئىش، يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار قارىماققا ئانچە چوڭ ئىش ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ھۆكۈمەت خادىملىرى كۆپرەك كۆڭۈل بۆلسىلا، ياشانغانلارنى، ئائىلىلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك خاتىرجەملىككە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**فېڭخۇاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى مۇخبىرى:** ئۆتكەن بىر يىلدا شياڭگاڭ يۇقۇم سەۋەبىدىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، كەلگۈسى ئىككى يىلدا يەنە سايلام يىلىغا قەدەم قويىدۇ، مۇشۇ چاغدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا شياڭگاڭنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شياڭگاڭ سايلىمىغا ئالاقىدار قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ. تاشقى دۇنيا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ قانداق قىلىپ داۋاملىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشىگە ناھايىتى دىققەت قىلىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» شياڭگاڭدا كەلگۈسىدە قانداق قىلىپ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلالايدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بىز «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇقىرى ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئاساسلانغان ھالدا ئىش كۆرۈپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا ئائىت قانۇن - تۈزۈملەر ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە باش مەمۇرنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايمىز، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بايا سىز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا چىقارغان قارارىنى سورىدىڭىز، قاراردا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»تا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشمۇ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇلتۇر شياڭگاڭ تەكرار زەربىگە ئۇچرىدى، بىز شياڭگاڭدىكى ھەر ساھەنىڭ قول تۇتۇشۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەركىزىي ھۆكۈمەت داۋاملىق پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بېرىدۇ.

**مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرى:** دۆلەت پەن - تېخنىكىدا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن نۆۋەتتە بىر قىسىم نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا بىزدە يەنىلا كەمتۈكلۈك مەۋجۇت، ھەتتا «گالنى بوغىدىغان» ئەھۋاللار كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى قوغلىشىشتەك بەزى ھادىسىلەرنى كۆردۇق، مەسىلەن، بىر قىسىم رايونلاردا، بىر قىسىم يۇقىرى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)